# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى

(بېشى 9 ـ بەتتە)



1 ـ رەسىم: «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى چوڭ پاكىز ئېنېرگىيە بازىلىرىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى

**4 ـ پاراگراف  سۇچىلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەيتىش**

ۋادى ئومۇمىي بوشلۇقى ۋە سۇ بايلىقى بوشلۇقىنى تەڭپۇڭ جايلاشتۇرۇشنى مەۋقە قىلىپ، مەمۇرىي رايون ھالقىغان دەريا سۇ سىستېمىسىنى تۈزەش، قوغداش قۇرۇلۇشى ۋە تايانچ قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك، مىكرو سۇچىلىق ئەسلىھەلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، سۇ بايلىقىنى ياخشى تەقسىملەش ۋە كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. سۇ تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سۇ بايلىقىنى تەقسىملەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سۇ بايلىقىنى تەقسىملەش تايانچ تۈرلىرىنى قۇرۇپ، نۇقتىلىق سۇ مەنبەسى ۋە شەھەرلەرنىڭ جىددىيەت زاپاس سۇ مەنبەسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشتىكى ئاجىز ھالقىلارنى ھەل قىلىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش بويىچە تىزگىنلىنىدىغان سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى، ئوتتۇرا ـ كىچىك دەريالارنى تۈزەش ۋە خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرىنى پۇختىلاشنى تېزلىتىپ، مۇداپىئە توسمىسى ۋە كەلكۈن باشلاش رايونى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. سۇ مەنبەسىنى ساقلاش رايونلىرىنى قوغداش ـ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق دەريا ـ كۆللەرنى قوغداش ۋە ئۇنىۋېرسال تۈزەش سالمىقىنى زورايتىپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل قىرغاقلىق سۇ ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم.

| 7 ـ جەدۋەل  دۆلەت سۇچىلىق تورىنىڭ تايانچ قۇرۇلۇشلىرى | |
| --- | --- |
| 01 | **مۇھىم سۇ باشلاش قۇرۇلۇشلىرى**<br>جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا باشلاش شەرقىي، ئوتتۇرا لىنىيەلىرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا باشلاش غەربىي لىنىيەسىنىڭ قۇرۇلۇش لايىھەسىنى تاللاش ـ دەلىللەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. جۇجياڭ دېلتىسى سۇ بايلىقىنى تەقسىملەش، غەربىي جۇڭچىڭ سۇ بايلىقىنى تەقسىملەش، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيىنى خۇەيخې دەرياسىغا باشلاش، ئوتتۇرا يۈننەنگە سۇ باشلاش، خەنشۈي دەرياسىنىڭ سۈيىنى ۋېيخې دەرياسىغا باشلاش، شىنجاڭ كۈيتۇن دەرياسىغا سۇ باشلاش، خېبېي شيۇڭئەن غول ئۆستىڭىگە سۇ باشلاش، غەربىي شىمالىي خېينەن سۇ بايلىقىنى تەقسىملەش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيىنى جىنجىڭغا باشلاش، خېيلۇڭجياڭدىكى ئۈچ دەريانى تۇتاشتۇرۇش، بېيبۇۋەن قولتۇقى ئەتراپىدىكى سۇ بايلىقىنى تەقسىملەش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئالدىنقى باسقۇچلۇق دەلىللەشنى تېزلىتىش لازىم. |
| 02 | **سۇ تەمىنلەش، سۇغىرىش قۇرۇلۇشلىرى**<br>شىنجاڭدىكى قورغان، خېيلۇڭجياڭدىكى گۈنمېنزۈيزى، گۇيجوۋدىكى گۇەنيىن، خۇنەندىكى جۈەنمۇتاڭ، جېجياڭدىكى كەيخۇا، گۇاڭشىدىكى چاڭتاڭ قاتارلىق چوڭ سۇ ئامبارلىرى قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. خۇاڭخې خېتاۋ، سىچۇەن دۇجياڭيەن، ئەنخۇي پىشىخاڭ قاتارلىق چوڭ سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ داۋاملاشما قۇرۇلۇشىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە ئۆزگەرتىپ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، سىچۇەندىكى شياڭجيابا، يۈننەندىكى گېڭما، ئەنخۇيدىكى خۇەيخۇڭ شىنخې، خېينەندىكى نيۇلۇنىڭ، جياڭشىدىكى دائاۋ قاتارلىق چوڭ سۇغىرىش رايونلىرى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش لازىم. |
| 03 | **كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىپ ئاپەتنى ئازايتىش قۇرۇلۇشلىرى**<br>شيۇڭئەن يېڭى رايونىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن ئېقىنىدا يار ئېلىپ كېتىشنى تۈزەش ۋە مۇھىم كەلكۈن باشلاش رايونى قۇرۇش، خۇاڭخې دەرياسى غول ئېقىنى ۋە ساھىلىنى تۈزەش، خۇەيخې دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش يولى 2 ـ قارارى، خەيخې دەرياسىنى تۈزەش، شىجياڭ دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىغا مۇداپىئە قېشى ياساش، تەيخۇ كۆلى ۋۇسۇڭجياڭ سۇچىلىق تۈگۈنى، خېينەن مەيۋەن سۇچىلىق تۈگۈنى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. خۇاڭخې دەرياسىدىكى گۇشيەن سۇچىلىق تۈگۈنى، فۇجيەندىكى شاڭبەيشى سۇ ئامبىرى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئالدىنقى باسقۇچلۇق دەلىللەشنى كۈچەيتىش لازىم. |

## 4 ـ قىسىم  قۇدرەتلىك دۆلەت ئىچكى بازىرى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش

ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇكەممەل ئىچكى ئېھتىياج سىستېمىسىنى تېز يېتىلدۈرۈپ، ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش بىلەن تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش تۈرتكىسى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەمىنات ئارقىلىق يېڭى ئېھتىياجنى يېتەكلەپ ۋە بارلىققا كەلتۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىش ئاساس قىلىنغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىش كېرەك.

### 12 ـ باب  دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇش

قۇدرەتلىك دۆلەت ئىچكى بازىرىغا تايىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىملەش، ئوبوروت، ئىستېمال ھالقىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئېھتىياج تەمىناتنى يېتەكلەيدىغان، تەمىنات ئېھتىياجنى يارىتىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ھەرىكەتچان تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ياخشى ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**1 ـ پاراگراف  تەمىنات سىستېمىسىنىڭ ئۇيغۇنلۇقىنى ئاشۇرۇش**

تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەمىناتنىڭ يېڭى ئېھتىياجغا ئۇيغۇنلىشىش، يېتەكچىلىك قىلىش، يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. خاس، پەرقلىق، سۈپەتلىك ئىستېمال ئېھتىياجغا لايىقلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلىي شەكلىنىڭ يېڭىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، سۈپەتلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى، ئوتتۇرا ـ يۇقىرى دەرىجىلىك مەھسۇلات تەمىناتى ۋە مائارىپ، داۋالاش، كۈتۈنۈش قاتارلىق مۇلازىمەت تەمىناتىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، مەھسۇلات، مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە خېرىدارلارنىڭ رازىمەنلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، تەمىنات بىلەن ئېھتىياجنىڭ ماسلىقىغا تۈرتكە بولۇش لازىم. تەمىنات قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، ياسىمىچىلىق، مۇلازىمەتچىلىك، ئېنېرگىيە بايلىقى قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كەسىپ ياندىشىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەبىئىي مونوپول كەسىپلەرنىڭ رىقابەتلىك ھالقىلىرىنى بازارلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ھالقىلارنى، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش لازىم. ئوشۇقچە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى بازارلاشتۇرۇش، قانۇنچىللاشتۇرۇش يولى بىلەن تۈگىتىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ قوشۇلۇپ قايتا تەشكىللىنىشىگە دائىر قانۇن ـ نىزام ۋە يانداش سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. سۈپەتنى دەرىجىگە ئايرىش تۈزۈمى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، سۈپەت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ـ ئالماشتۇرۇش ۋە خەلقئارا ئۆلچەمنى ئايلاندۇرۇپ قوللىنىشنى تېزلىتىش كېرەك. جۇڭگو كۇرسلۇق مەھسۇلات يارىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا كونا ماركىلىرىنى قوغداپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، خاس ماركىلارنىڭ تەسىرى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈپ، پەرداز بۇيۇمى، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي توقۇلمىلىرى، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلات قاتارلىق ئىستېمال بۇيۇمى ساھەلىرىدە بىر تۈركۈم سەرخىل ماركىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف  بايلىق ئامىلىنىڭ راۋان يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش**

ئامىللارنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشىنى چەكلەپ قويۇۋاتقان توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، بايلىق ئامىلىنىڭ جايلىشىشىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق، خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىنى مەنبەدىن راۋانلاشتۇرۇش لازىم. پۇل مۇئامىلىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ ئوتتۇرا ـ ئۇزاق مەزگىللىك مەبلەغ تەمىناتى تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەمەلىي ئىقتىسادقا بىۋاسىتە يېتىپ بارىدىغان پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتى ۋە مۇلازىمىتىدە يېڭىلىق يارىتىپ، كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرىنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش لازىم. ئۆي ـ زېمىن بازىرىنى سىلىق، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى يولغا قويۇپ، ئۆي ـ زېمىن كەسپى بىلەن ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ تەڭپۇڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئەمگەكچىلەرنىڭ ماھارىتىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش سۈپىتى ۋە كىرىم سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇپ، ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ يۆتكىلىشى بىلەن كەسىپلەرنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئارىسىدا ياخشى ئايلىنىش شەكىللەندۈرۈش لازىم. شەھەر ـ يېزا ئامىللىرى ئەركىن يۆتكىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، رايون كەسىپلىرىنىڭ پەلەمپەيسىمان يۆتكىلىش ئەندىزىسىنى ئورنىتىپ، شەھەر ـ يېزا، رايونلارنىڭ ياخشى ھەمتۈرتكە بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**3 ـ پاراگراف  ئوبوروت سىستېمىسىنىڭ تىرەكلىك رولىنى كۈچەيتىش**

ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تاۋار ۋە مۇلازىمەتنىڭ ئوبوروت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئوبوروت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە سودا تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش لازىم. بىرلىككە كەلگەن چوڭ دۆلەت ئىچى بازىرىنى تېز بەرپا قىلىپ، خەلقئارا ئىلغار قائىدە ۋە ئەڭ ياخشى ئەمەلىيەت ئاساسىدا بازار مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ئوخشاش بولمىغان جايلار ۋە ساھەلەرنىڭ ئۆلچەم، قائىدە، سىياسەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يەرلىك قوغدىغۇچىلىق، ساھە مونوپولى ۋە بازار ئايرىمچىلىقىنى ئۈنۈملۈك تۈگىتىش كېرەك. زامانىۋى ئەشيا ئوبوروتى سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، سوغۇق زەنجىرلىك ئەشيا ئوبوروتىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، ئەشيا ئوبوروتىنىڭ تۈگۈن ئەسلىھەسى، غول لىنىيەسى، رايونلۇق تارقىتىش مەركىزى ۋە ئاخىرقى يەتكۈزۈش نۇقتىلىرى قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دۆلەت ئەشيا ئوبوروتى تۈگۈنى، سوغۇق زەنجىرسىمان ئەشيا ئوبوروتى تايانچ بازىلىرىنىڭ ئەسلىھەسى ۋە شارائىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ناھىيە، يېزا، كەنت ئۈچ دەرىجىلىك ئەشيا ئوبوروتى سىستېمىسىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول تېز ترانسپورتى قاتارلىق تۆمۈريول قولاي يۈك ترانسپورت مەھسۇلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقئارا ھاۋا يۈك ترانسپورت ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا دېڭىز ترانسپورت رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. خەلقئارا ئەشيا ئوبوروت يوللىرىنى ياخشىلاپ، دۆلەت ئىچى بىلەن خەلقئارا تۇتاشتۇرۇلغان، بىخەتەر، ئۈنۈملۈك ئەشيا ئوبوروتى تورىنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈش كېرەك. زامانىۋى سودا ئوبوروت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۇنياۋى رىقابەت كۈچىگە ئىگە بىر تۈركۈم زامانىۋى ئوبوروت كارخانىلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، قولاي ماگىزىن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى قاتارلىق سودا ئوبوروتى ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى قوللاپ، ئۇچراشماس سودا مۇلازىمىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سودا ئوبوروتىنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە يېشىل تەرەققىياتىنى كۈچەيتىش لازىم. زاپىسى تولۇق، ئىنكاسى تېز، زەربىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك جىددىيەت ئەشيا ئوبوروتى سىستېمىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىش كېرەك.

**4 ـ پاراگراف  دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سىياسەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش**

مالىيە چىقىم سالمىقى ۋە قىزىل رەقەم نىسبىتىنى مۇۋاپىق سەۋىيەدە ساقلاپ، باج كېمەيتىش ـ ھەق تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ كۆپەيتىشى، تەتقىق قىلىپ يارىتىش سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇشى، كىرىم تەقسىماتىنى تەڭشىشى، ئىستېمالچىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشىگە پايدىلىق باج تۈزۈمى ئورنىتىش لازىم. مۇۋاپىق تولۇق يۆتكىلىشچانلىقنى ساقلاپ، پۇل تەمىنات مىقدارى ۋە ئىجتىمائىي مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بىلەن ئىقتىسادنىڭ نامىي ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئاساسەن ماسلىقىنى ساقلاپ، قۇرۇلمىلىق سىياسەت قوراللىنى يېڭىلاپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاجىز ھالقىلارنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئىستېمال كىرېدىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. كەسىپ سىياسىتىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىشىش ۋە فۇنكسىيەلىشىشكە قاراپ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، رىقابەت سىياسىتىنىڭ ئۆللۈق ئورنىنى كۈچەيتىپ، تېخنىكا يېڭىلاش ۋە قۇرۇلما يۈكسەلدۈرۈشنى قوللاش لازىم. ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسىگە ئۇيغۇن كىرىم تەقسىماتى، ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت تۈزۈملىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

### 13 ـ باب  دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش

دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساس قىلىپ، قۇدرەتلىك دۆلەت ئىچى بازىرى بىلەن سودا كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشىنى ماس ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنياۋى ئامىل بايلىقىنى جەلپ قىلىدىغان قۇدرەتلىك تارتىش كۈچى مەيدانى شەكىللەندۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياج بىلەن خەلقئارا ئېھتىياجنىڭ، ئىمپورت بىلەن ئېكسپورتنىڭ، تاشقى مەبلەغ كىرگۈزۈش بىلەن سىرتقا مەبلەغ سېلىشنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەتكە قاتنىشىدىغان يېڭى ئەۋزەللىكنى تېز يېتىلدۈرۈش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف  ئىمپورت ـ ئېكسپورتنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش**

ئىچكى سودا بىلەن تاشقى سودىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەڭشەش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىچكى ـ تاشقى سودىغا دائىر قانۇن ـ نىزام، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، تىجارەت سالاھىيىتى، سۈپەت ئۆلچىمى، پرېيوم ـ كارانتىن، ئىسپات بېرىش، ئېتىراپ قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ئۆزئارا جىپسىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوخشاش لىنىيە، ئوخشاش ئۆلچەم، ئوخشاش سۈپەتتە ئىشلەپچىقىرىشنى ئالغا سىلجىتىش لازىم. ئىمپورت تاموژنا بېجى ۋە تۈزۈم خاراكتېرلىك تەننەرخنى تۆۋەنلىتىپ، سۈپەتلىك ئىستېمال بۇيۇمى، ئىلغار تېخنىكا، مۇھىم ئۈسكۈنە، ئېنېرگىيە بايلىقى قاتارلىقلارنىڭ ئىمپورتىنى ئاشۇرۇپ، ئىمپورتنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئېكسپورت سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، ئېكسپورت ئاشۇرما قىممىتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆستۈرۈش لازىم. خەلقئارا بازارنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاپ، كارخانىلارنى ئەنئەنىۋى ئېكسپورت بازىرىنى چوڭقۇر قېزىش، گۈللىنىۋاتقان بازارلارنى ئېچىشقا يېتەكلەپ، ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، خەلقئارا بازار ئۈلۈشىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. پىششىقلاش سودىسىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، تاشقى سودىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش بازىسى، تاموژنا ئالاھىدە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش رايونى، سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش سۇپىسى، خەلقئارا ماركېتنىڭ مۇلازىمەت تورى قۇرۇلۇشلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا، بازاردىن سېتىۋېلىش سودىسى قاتارلىق يېڭى ئەندىزىلەرنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، چەت ئەلدە ئىسكىلات قۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ، تاشقى سودا كەسپىي زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىنىڭ راۋان يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مۇلازىمەت سودىسىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ، مۇلازىمەت سودىسىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش سىنىقى ئوچۇق سۈپىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، سودىنىڭ رەقەملىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. سودا بىلەن سېلىنمىنى يۇغۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش كېرەك. جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى، جۇڭگو ئىمپورت ـ ئېكسپورت تاۋارلىرى يەرمەنكىسى، جۇڭگو خەلقئارا مۇلازىمەت سودىسى يەرمەنكىسى قاتارلىقلارنى ياخشى ئۆتكۈزۈش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف  خەلقئارا قوش يۆنىلىشلىك مەبلەغ سېلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش**

كىرگۈزۈش بىلەن چىقىرىشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك قوش يۆنىلىشلىك مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق دۇنياۋى ئامىل بايلىقى ۋە بازار بوشلۇقىدىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، كەسىپ زەنجىرى ۋە تەمىنات زەنجىرىنىڭ كاپالەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش لازىم. تاشقى مەبلەغنى ئەڭ زور دەرىجىدە جەلپ قىلىپ ۋە ئىشلىتىپ، تېلېگراف، ئالاقە تورى، مائارىپ، مەدەنىيەت، داۋالاش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالاقىدار كەسىپلەرنى ئېچىۋېتىشنى تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا قارىتىلغان مۇلازىمەتنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداشنى كۈچەيتىپ، مۇھىم تاشقى مەبلەغ تۈرلىرىنىڭ ئۆلگىلىك تەسىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، چەت ئەل مەبلىغىنىڭ ئوتتۇرا ـ ئالىي ياسىمىچىلىق، يۇقىرى يېڭى تېخنىكا، ئەنئەنىۋى ياسىمىچىلىقنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەرگە ۋە ئوتتۇرا ـ غەربىي رايونلارغا سېلىنىشىنى قوللاپ، چەت ئەل مەبلىغى كارخانىلىرىنىڭ تەتقىق قىلىپ يارىتىش مەركىزى قۇرۇشى، دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا پىلانى تۈرلىرىگە قاتنىشىشى ۋە ئۆلچەم تۈزۈشىگە ئىلھام بېرىشنى قوللاش لازىم. چەت ئەل كارخانىلىرىنى پايدىسىنى مەبلەغ قىلىپ قايتا سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. كارخانىلارنىڭ سۇبيېكت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، چېگرا سىرتىغا مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، چېگرا سىرتىغا مەبلەغ سېلىشنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە جايلىشىشىنى ياخشىلاپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارى ۋە پايدا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. چېگرا سىرتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ـ مۇلازىمەت تورى ۋە ئوبوروت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە، مەسلىھەتچىلىك، بوغالتىرلىق، قانۇن قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ خەلقئارالىشىپ راۋاجلىنىشىنى تېزلىتىپ، جۇڭگونىڭ مەھسۇلات، مۇلازىمەت، تېخنىكا، ماركا، ئۆلچەملىرىنى سىرتقا چىقىرىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. كارخانىلارنىڭ دۇنياۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىگە يۇغۇرۇلۇشىنى قوللاپ، دۆلەت ھالقىغان تىجارەت ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. كارخانىلارنى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ، چېگرا سىرتىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، خەۋپسىزلىك قاتارلىق جەھەتلەردىكى خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك. كۆپ تەرەپلىك، قوش تەرەپلىك سېلىنما ھەمكارلىقى مېخانىزمى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، چېگرا سىرتىغا مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان سىياسەت ۋە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، چېگرا سىرتىغا مەبلەغ سېلىشقا دائىر قانۇن چىقىرىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

### 14 ـ باب  مۇكەممەل ئىچكى ئېھتىياج سىستېمىسىنى تېز يېتىلدۈرۈش

ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئىستېمالنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى ئۈللۈق رولى ۋە سېلىنمىنىڭ تەمىنات قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشتىكى ھالقىلىق رولىنى كۈچەيتىپ، ئىستېمال ۋە سېلىنما ئېھتىياجى ئۆرغۈپ تۇرىدىغان قۇدرەتلىك دۆلەت ئىچى بازىرى بەرپا قىلىش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف  ئىستېمالنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش**

ئاھالە ئىستېمالىنىڭ ئېشىش يۈزلىنىشىگە لايىقلىشىپ، ئىستېمالنى ئاشۇرۇشنى خەلقنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىستېمالنىڭ يېشىل، ساغلام، بىخەتەر بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاھالىنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆستۈرۈش لازىم. ئەنئەنىۋى ئىستېمالنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتوموبىل قاتارلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىدا سېتىشنى باشقۇرۇشتىن ئىشلىتىشنى باشقۇرۇشقا بۇرۇلۇشقا تېز تۈرتكە بولۇپ، مەجبۇرىي بىراك قىلىش تۈزۈمى ۋە كونا ـ كېرەكسىز ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئېلېكترونلۇق ئىستېمال بۇيۇملىرى قاتارلىق چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى يىغىپ بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تۇرالغۇ ئىستېمالىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يېڭىچە ئىستېمال يېتىلدۈرۈپ، ئۇچۇر ئىستېمالى، رەقەملىك ئىستېمال ۋە يېشىل ئىستېمالنى راۋاجلاندۇرۇپ، زاكازلىق ئىستېمال، سىنىما ئىستېمال، ئاقىل ئىستېمال، مودا ئىستېمال قاتارلىق يېڭى ئەندىزە، يېڭى كەسىپ ھالەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىش لازىم. مۇلازىمەت ئىستېمالىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مۇلازىمەت ئىستېمالى ساھەسىنىڭ بازار ئىجازىتىنى بوشىتىپ، تەربىيەلەش، يېتىشتۈرۈش، داۋالاش، ساقلىق ساقلاش، كۈتۈنۈش، ھاۋالىلىك بېقىش، مەدەنىيەت، ساياھەت، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىستېماللارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ سىغىمىنى ئاشۇرۇپ، تور ئىچى ـ سىرتى ئىستېمالنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك. ئاممىۋى ئىستېمالنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ، ئاممىۋى مۇلازىمەت چىقىمىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. بايرام ـ دەم ئېلىش ئىستېمالىنى ئاشۇرۇپ، بايرام ـ دەم ئېلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مائاشلىق ئوتپۇسكا تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. خەلقئارا ئىستېمال مەركىزىي شەھەرلىرىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە بەرپا قىلىپ، بىر تۈركۈم رايونلۇق ئىستېمال مەركەزلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. شەھەر ـ يېزا يۇغۇرما ئىستېمال تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېلېكترونلۇق سودىنىڭ يېزىلارنى قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ناھىيەلەرنىڭ ئىستېمال مۇھىتىنى ياخشىلاپ، يېزا ئىستېمالىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. شەھەر ئىچىدە باجسىز دۇكان ئېچىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە شەھەر ئىچى باجسىز دۇكانلىرىنى پىلانلاپ قۇرۇش كېرەك. ئاھالە كىرىمىنى ئاشۇرۇش بىلەن يۈكىنى يېنىكلىتىشنى تەڭ تۇتۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەرنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ، ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇش لازىم. ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، سۈپەت ئۆلچىمى ۋە كېيىنكى باھالاش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇقسانلىق مەھسۇلاتنى قايتۇرۇۋېلىش، مەھسۇلات زەخمىتىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش، مەھسۇلات سۈپەت كاپالىتى قاتارلىق تۈزۈملەرنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كۆپ مەنبەلىك ئىستېمال ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش مېخانىزمى ۋە ماجىرا ھەل قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف  مەبلەغ سېلىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىش**

سېلىنما قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، سېلىنمىنىڭ مۇۋاپىق ئېشىش ھالىتىنى ساقلاش كېرەك. ئۇل ئەسلىھە، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، ئاممىۋى خەۋپسىزلىك، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، ئاممىۋى سەھىيە، ماددىي ئەشيا زاپىسى، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ ئاپەتنى يېنىكلىتىش، خەلق تۇرمۇشى كاپالىتى قاتارلىق ساھەلەردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تېزدىن تولۇقلاپ، كارخانىلارنىڭ ئۈسكۈنە يېڭىلىشى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش لازىم. ھەم ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈپ خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزىدىغان، ھەم قۇرۇلمىنى تەڭشەپ زاپاس كۈچنى ئاشۇرىدىغان يېڭى ئۇل ئەسلىھە، يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، قاتناش، سۇچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى زور قۇرۇلۇشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا يۈزلىنىپ، سىچۈەن ـ شىزاڭ تۆمۈريولى، غەربىي قىسىم قۇرۇقلۇق ـ دېڭىز يېڭى يولى، دۆلەت سۇچىلىق تورى، يالۇڭزاڭبۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا سۇ ئېلېكترىنى ئېچىش، پىلانېتلار ئارا تەكشۈرۈش، بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسىنى كەسىپلەشتۈرۈش قاتارلىق زور قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويۇپ، زور پەن تەتقىقات ئەسلىھەسى، زور ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئاسراش ـ ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش كاپالىتى، زور سۇ باشلاش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ـ كەلكۈن زىيىنىنى ئازايتىش، توك ـ گاز يەتكۈزۈش، چېگرا بويى، دەريا بويى، دېڭىز بويى قاتنىشى قاتارلىق ئۇلىنى چىڭىتىدىغان،

(ئاخىرى 11 ـ بەتتە)